**يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى**

# ئاپتونوم رايون يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرى بويىچە سىنلىق تەربىيەلەش ئۆتكۈزدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاۋ جىيۈن، يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئۇلىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرى بويىچە سىنلىق تەربىيەلەش ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ناھىيە، شەھەر، رايونلار، يېزا ـ بازار، كوچا باشقارمىسى ۋە بىڭتۇەندىكى ئورگان، شى، شەھەر، تۇەن ـ مەيدانلاردىكى ئالاقىدار خادىملارغا قارىتا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىلىملىرى بويىچە تەربىيەلەش ئېلىپ باردى.

گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇدىر ۋىراچى، پروفېسسور يىن ۋېنۋۇ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئومۇمىي تاكتىكىسى ۋە تەدبىرىنى باش تېما قىلىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا تارقىلىش ئەھۋالى ھەمدە ئوخشاش بولمىغان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تاكتىكىسىنى چوڭقۇر، چۈشىنىشلىك تونۇشتۇردى. دۆلىتىمىزنىڭ ئاكتىپ مۇداپىئەلىنىش تاكتىكىسىنى تاللىشىدىكى مۇھىم سەۋەبنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، يىن ۋېنۋۇ مۇنداق كۆرسەتتى: قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئىدىيەدە بوشاشماي، تەدبىردە بوشاشماي، تۆرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمەتلىرىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، «تۆت بالدۇر» تەدبىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تەجرىبە ۋە ئۇسۇللارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، تاكتىكىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مېخانىزمنى ئەلالاشتۇرۇپ، تەرتىپنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مېخانىزمى ئورنىتىش كېرەك.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرى بويىچە سىنلىق تەربىيەلەش 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىگىچە داۋاملىشىدىكەن.

ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)

# پىدائىيلارغا «ساغلاملىق ھال سوراش سومكىسى» سوۋغا قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: پىدائىيلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايون(تۇدۇڭخابا رايون)لۇق ھۆكۈمەت پېڭخۇ يولى مەھەللىسى ۋەندا خۇافۇ ئولتۇراق رايوندىكى سەككىز پىدائىيلار ۋەكىلىگە «ساغلاملىق ھال سوراش سومكىسى» سوۋغا قىلدى. «ساغلاملىق ھال سوراش سومكىسى»غا ئىسپىرت، دېزىنفېكسىيە ھۆل قەغىزى قاتارلىق مۇداپىئەلىنىش بۇيۇملىرى سېلىنغان، بۇ بىر تۈركۈم «ساغلاملىق ھال سوراش سومكىسى» مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تەۋەلىكتىكى 15 مىڭ 500 پىدائىيغا تەدرىجىي تارقىتىپ بېرىلىدۇ.

پېڭخۇ يولى مەھەللىسىدىكى پىدائىيلارنىڭ سەممىي مۇلازىمىتى ۋەندا خۇافۇ ئولتۇراق رايونىدىكى ئاھالىلەرنى تەسىرلەندۈردى، كۆپچىلىك ۋىيشىن توپىدا ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ پىدائىيلارغا سۇ، ئىچىملىك ئېلىپ بەرمەكچى بولدى، پىدائىيلار سىلىق رەت قىلغاندىن كېيىن، يەنە رەھمەت ئېيتىش لوزۇنكىسى ياساپ پىدائىيلارغا سوۋغا قىلدى. «خىزمىتىمىز ئاھالىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشسەلا، تارتقان جاپالىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئەرزىيدۇ» دېدى پېڭخۇ يولى مەھەللىسىدىكى پارتىيەلىك پىدائىي شيا نەن.

ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايون(تۇدۇڭخابا رايون)لۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ياڭ لىڭيۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: رايونىمىزدىكى 15 مىڭ 500 پىدائىي پارتىيەلىك كادىرلار، ئىتتىپاق ئەزالىرى، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر، ئاھالىلەر قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان، ئۇلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە غايەت زور تۆھپە قوشتى. بىز پىدائىيلار ئۈچۈن ئارقا سەپ كاپالەتلىك خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارغا يۈرۈشلۈك مۇداپىئەلىنىش جابدۇقلىرىنى تولۇق سەپلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتتىكى شەخسىي بىخەتەرلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە توردا پىدائىيلارغا ئالقىش ئېيتىش پائالىيىتىنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئاھالىنى قاتناشتۇرۇپ، پىدائىيلارنىڭ شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئالقىش ئېيتىپ، مەدەت بېرىپ، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەيمىز.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش پائال ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى كېڭىيىۋاتىدۇ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، لېكىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ، قايتا كۆرۈلۈش خەۋپ ـ خەتىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ، سەللا بوشاڭلىق قىلىنسا ئەجىر يوققا چىقىشى مۇمكىن. ئىرادىنى ساقلاپ، چىشنى چىڭ چىشلەپ، ئۇدا جەڭ قىلىپ، ئاخىرغىچە چىڭ تۇتۇپ، تەستە قولغا كەلگەن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى تىرىشىپ مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يۇقۇمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا بولغان زەربىسى يەنىلا داۋاملىشىۋاتقاندا، جەزمەن خەۋپ ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۈكسەك ھوشيارلىقنى ساقلاپ، يۇقۇم ئېلىپ كەلگەن خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسلارنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلىپ، خەتەرنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئومۇميۈزلۈك قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا كۆرسەتكەن پايدىسىز تەسىرىنى تىرىشىپ يېڭىپ، يۇقۇم سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، يۇقۇم سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تولۇق تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نىشان يۆنىلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى زورايتىپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تۆرلىرىنى يولغا قويۇشنى ياخشى تۇتۇپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى كۈچەيتىپ، تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى قەتئىي ئورۇنداش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئېسىل ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇپ، تولۇپ تاشقان كۆرەش ئىرادىسىنى ساقلاپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، ئومۇميۈزلۈك يەكۈنلەپ، تەشۋىق قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي قەرەلىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش كېرەك.



8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا سەييارە داۋالاش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى گاۋ خۇي(سولدا) دوختۇر ـ سېسترالار تۇرۇشلۇق جايدا مۇلازىمەت كاپالىتى ئالاقىچىسى بىلەن دورىلارنى سېلىشتۇرماقتا.

# دوختۇر ـ سېسترالار ئۈچۈن مۇستەھكەم يۆلەنچۈك بولۇش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز چاۋ جىن، شېي لۇڭ فوتوسى، خەۋىرى

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دا، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا سەييارە داۋالاش گۇرۇپپىسىنىڭ سېستراسى رىزۋانگۈل ئۆمەر ئالدىنقى كۈنى رەتلەپ قويغان دورا تىزىملىكىنى ئېلىپ، دورىخانىغا كېلىپ، دورىلارنى بىر ـ بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ سەپلىگەندىن كېيىن، تۇرۇشلۇق جايدىكى ھەرقايسى مېھمانسارايلارغا بېرىپ تەقسىملەپ تارقىتىپ بەردى.

«دوختۇر ـ سېسترالار ئۆزىنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلالىغاندىلا، ئاندىن ئاغرىقلارنى تېخىمۇ ياخشى قۇتقۇزۇپ داۋالىيالايدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا سەييارە داۋالاش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى گاۋ خۇي مۇنداق دېدى: 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، بېكىتىلگەن دوختۇرخانا سەييارە داۋالاش گۇرۇپپىسى قۇردى، ھەركۈنى تۇرۇشلۇق جايدىكى مۇلازىمەت كاپالىتى ئالاقىچىلىرىنىڭ ھەممىسى دوختۇر ـ سېسترالارنىڭ ساغلاملىق ئۇچۇرلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن يىغىپ توپلايدۇ ۋە يۇقىرىغا مەلۇم قىلىدۇ، ئۇ بىرىنچە خىزمەتدىشى بىلەن ھەركۈنى تېببىي خادىملارنىڭ دورا ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى ئىستاتىستىكا قىلىشقا ھەم دورىلارنى ۋاقتىدا سەپلەپ تۇرۇشلۇق جايغا تارقىتىپ بېرىشكە مەسئۇل.

شۇ كۈنى، ئىسسىق ئۆتۈپ قېلىش سەۋەبىدىن بېشى قايغان تېببىي خادىم چېن يى سەييارە داۋالاش گۇرۇپپىسى يەتكۈزۈپ بەرگەن پىننە سۈيى ۋە بولۇفېن خۇەنشى كاپسۇلىنىڭ ھەربىرىدىن بىرقاپ تاپشۇرۇۋالدى؛ غەيرەت مەمەت تۇيۇقسىز ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ، سەييارە داۋالاش گۇرۇپپىسى يەتكۈزۈپ بەرگەن دېسمېزون ئوكۇل سۇيۇقلۇقىدىن بىرنى تاپشۇرۇۋالدى؛ ئەيىنگۈلنىڭ بېلى ئاغرىغاچقا، داۋالاش گۇرۇپپىسى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرگەن ئېيار سۆڭەك چېڭىتىش مەلھىمىنى چاپلىۋالدى...



8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، سەييارە داۋالاش گۇرۇپپىسىنىڭ سېستراسى رىزۋانگۈل ئۆمەر (ئوڭدا) دورىخانىدا سېلىشتۇرۇپ دورا ئالماقتا.




8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، سەييارە داۋالاش گۇرۇپپىسىنىڭ سېستراسى رىزۋانگۈل ئۆمەر دوختۇر ـ سېسترالارغا دورا يەتكۈزۈپ بەرمەكتە.

تېببىي خادىم گاۋ يەنىنىڭ يۇتقۇنچاق ياللۇغى قايتا قوزغالغاندا، جۇڭيى تېبابىتى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان گاۋ خۇي تۇرۇشلۇق جايدىكى مېھمانسارايدا ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، نەق مەيداندا رېتسېپ يېزىپ بەردى. «سىلەرنىڭ غەمخورلۇق قىلغىنىڭلارغا رەھمەت، شۇڭا بىزنىڭ يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىشقا كۈچىمىز بار.» گاۋ يەن «مۇستەھكەم يۆلەنچۈك» دېگەن سۆز بىلەن سەييارە داۋالاش گۇرۇپپىسىنى سۈپەتلىدى ھەم كېيىنكى نۆۋەتتە بارىدىغان سەييارە داۋالاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىغا باش بارمىقىنى چىقاردى.

«تۇرۇشلۇق جايدىكى 24 مېھمانساراي ئېھتىياجلىق بولسىلا ۋاقتىدا داۋالاش يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، دورا يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ» دېدى گاۋ خۇي.

**سۈرەتلىك ھېكايە**

# دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىقلار ۋە تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار جەمئىي 700دىن ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 15 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 599، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار 160 بولۇپ، جەمئىي 759.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى لېي ۋېي تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ھازىرغىچە، بۇ نۆۋەتلىك يۇقۇمدا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىنىڭ ئومۇمىي سانى 700دىن ئاشتى، بۇ، بىزنىڭ قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىمىزدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، شۇنداقلا تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. بىز «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 ـ نۇسخىسى)»گە داۋاملىق قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە ئەسلىگە كېلىشىگە ئارىلىشىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان ئاغرىقلارنىڭ نەپەسلىنىش ئىقتىدارى، بەدەن ئىقتىدارى ھەمدە پسىخىك ئىقتىدارىدىكى توسالغۇلارغا قارىتا، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەشىقى ۋە ئارىلىشىشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئەڭ زور ئىمكانىيەت بىلەن ئاغرىقلارنىڭ بەدەن ئىقتىدارى، بەدەن سۈپىتى ۋە ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)